# شى جىنپىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا فىرانسىيە زۇڭتۇڭى، ئەنگلىيە باش ۋەزىرى، مىسىر زۇڭتۇڭى بىلەن تېلېفونلاشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئۆزئارا داۋالاش، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى ياردىمى بېرىپ، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇش، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىشنىڭ ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەردى. مەن نۆۋەتتىكى ياۋروپا ۋە فىرانسىيەنىڭ يۇقۇم تەرەققىياتىغا يېقىندىن دىققەت قىلدىم. فىرانسىيە تەرەپ ھازىر بىر يۈرۈش پائال، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىۋاتىدۇ، مەن فىرانسىيە ھۆكۈمىتى ۋە خەلقىدىن سەممىي ھال سورايمەن ھەم قەتئىي قوللايدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن. جۇڭگو تەرەپ داۋاملىق فىرانسىيە تەرەپنى چامىنىڭ يېتىشىچە مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ.

شى جىنپىڭ سوئالغا جاۋابەن جۇڭگو تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتىنى تونۇشتۇردى، جۇڭگو بىلەن فىرانسىيە خەلقئارا ۋە رايون ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداشتىن ئىبارەت مۇشكۈل مەسئۇلىيەتنى ئورتاق زىممىسىگە ئالغان، ئىككى تەرەپ سەممىي ھەمكارلىشىپ، بىرلەشمە تەتقىقات تۈرلىرىنى ئالغا سىلجىتىپ، دۆلەت چېگراسى سەھىيە كاراتىن ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ خىزمەتلىرىنى قوللاپ، ئافرىقا دۆلەتلىرىنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىگە ئورتاق ياردەم بېرىپ، تىرىشىپ سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشى كېرەك، دەپ تەكىتلىدى. جۇڭگو تەرەپ فىرانسىيە تەرەپ بىلەن بىرلىكتە، ئالاقىدار ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى، 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق رامكىلاردا ماسلىشىش، ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولۇپ، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى قانات يايدۇرۇپ، يەر شارىۋى سەھىيەنى تىزگىنلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ۋە باشقا ئېھتىياجلىق دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشكە ياردەم بېرىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇپ، ھەمكارلىق نۇرلىرى ئارقىلىق يۇقۇم تۇمانلىرىنى تارقىتىشنى خالايدۇ.

ماكرون نۆۋەتتىكى فىرانسىيەنىڭ دۆلەت ئىچى يۇقۇم ۋەزىيىتى ھەم قوللانغان ئالاقىدار تەدبىرلەرنى تونۇشتۇردى. ماكرون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى غايەت زور جاسارەت ۋە كەسكىن تەدبىرلەر ئارقىلىق، قىسقا ۋاقىتتا يۇقۇمنى ئۈنۈملۈك تىزگىنلىدى، مەن بۇنىڭغا يۈكسەك ئاپىرىن ئېيتىمەن. فىرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ تەمىنلىگەن قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەمگە سەممىي رەھمەت ئېيتىدۇ. فىرانسىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپ بىلەن بىرلىكتە ئىككى تەرەپلىك سەھىيە ھەمكارلىقىنى قانات يايدۇرىدۇ، ھەم ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكىدا ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشىگە ئورتاق تۈرتكە بولۇپ، قول تۇتۇشۇپ يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، يۇقۇمنىڭ دۇنيا ئىقتىسادىغا ئېلىپ كەلگەن زەربىسىگە تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ.

ئىككى دۆلەت باشلىقلىرى زىچ ئالاقىنى ساقلاپ، ئىككى تەرەپنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئالاقە، ھەمكارلىقىغا تۈرتكە بولۇپ، جۇڭگو ـ فىرانسىيە مۇناسىۋىتىنىڭ داۋاملىق يۇقىرى سەۋىيەدە ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، جۇڭگو ـ فىرانسىيە، جۇڭگو ـ ياۋروپا كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداشقا قوشۇلدى.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە ئەنگلىيە باش ۋەزىرى جونسون بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقىگە ۋاكالىتەن ئەنگلىيە ھۆكۈمىتى ۋە ئەنگلىيە خەلقىدىن يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش مۇناسىۋىتى بىلەن سەممىي ھال سورىدى. شى جىنپىڭ سوئالغا جاۋابەن جۇڭگو تەرەپنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تونۇشتۇردى، ئەنگلىيە تەرەپنىڭ جۇڭگو تەرەپ بىلەن ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، زۆرۈر خادىملارنىڭ يۆتكىلىشى ۋە سودىنىڭ راۋانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىش بىلەن بىللە، يۇقۇمنىڭ تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى تەكىتلىدى. جۇڭگو تەرەپ ئەنگلىيە تەرەپنى مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلەشنى خالايدۇ. باش ۋەزىر ئەپەندىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئەنگلىيە خەلقىنىڭ چوقۇم يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلالايدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى چەت ئەللەردىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى قوغداشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئەنگلىيە تەرەپنىڭ ھەقىقىي ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، ئەنگلىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرىنىڭ، بولۇپمۇ ئەنگلىيەدىكى جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقى، بىخەتەرلىكى ۋە ھەققانىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتىنى ياخشى قوغدىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ۋىرۇس دۆلەت چېگراسى ئايرىمايدۇ، ئىرق ئايرىمايدۇ، پۈتكۈل ئىنسانىيەت ئورتاق تىرىشقاندىلا، ئاندىن ئۇنى يەڭگىلى بولىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ۋە 20 دۆلەت گۇرۇھى رامكىسىدا ھەمكارلىقنى ئالغا سىلجىتىپ، ئۇچۇر ۋە تەجرىبە ئالماشتۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى كۈچەيتىپ، پەن تەتقىقات ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ تېگىشلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللاپ، يەر شارىۋى سەھىيەنى تىزگىنلەشنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، ماكرو ئىقتىساد سىياسىتىنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، بازارنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئېشىشنى ساقلاپ، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، يەر شارىۋى تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ ئوچۇق، مۇقىم، بىخەتەر بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئىشىنىمەنكى، يۇقۇم ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيەنىڭ ئۆزئارا چۈشىنىشى تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدۇ، ئورتاق تونۇشى تېخىمۇ كۆپىيىدۇ، ئىككى دۆلەت ھەمكارلىقىمۇ تېخىمۇ پارلاق ئىستىقبالنى كۈتۈۋالىدۇ.

جونسون مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو ھۆكۈمىتى ۋە جۇڭگو خەلقى جاپالىق تىرىشىش ۋە غايەت زور بەدەل تۆلەش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتە قالتىس مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشتى، مەن بۇنى تەبرىكلەيمەن. ھازىر، ئەنگلىيەنىڭ يۇقۇم ۋەزىيىتى كەسكىن، ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ پايدىلىق تەجرىبىلىرىنى تەتقىق قىلىپ، ئۆرنەك قىلىپ، ئىلمىي، ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللانماقتا. ئەنگلىيە تەرەپ جۇڭگو تەرەپنىڭ قىممەتلىك مەدەت ۋە ياردەم بىلەن تەمىنلىگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتىدۇ، ئەنگلىيەدىكى جۇڭگو پۇقرالىرى، بولۇپمۇ ئەنگلىيەدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساغلاملىقى ۋە بىخەتەرلىكىگە پۈتۈن كۈچى بىلەن ياخشى كۆڭۈل بۆلىدۇ. مەن رەئىس شى جىنپىڭنىڭ قارىشىغا تامامەن قوشۇلىمەن، يۇقۇم ئالدىدا، ھەرقانداق دۆلەت ئۆزىنىڭلا غېمىنى يېمەسلىكى، ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەمكارلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئەنگلىيە تەرەپ دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇشنى قوللايدۇ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى قاتارلىق كۆپ تەرەپلىك رامكىدا ئالاقىدار ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئۈمىد قىلىمەن. جۇڭگو بىلەن ئەنگلىيە ئىككى دۆلەت بۇ يىل ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «جانلىقلار كۆپ خىللىقى ئەھدىنامىسى»نىڭ 15 ـ قېتىملىق كېلىشىم تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنى ۋە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىلىمات ئۆزگىرىشى رامكا ئەھدىنامىسى»نىڭ 26 ـ قېتىملىق كېلىشىم تۈزۈشكەن تەرەپلەر يىغىنىنى ئۆتكۈزىدۇ، ئىككى تەرەپ بۇنى پۇرسەت بىلىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ سەھىيە، يۇقۇم مۇداپىئە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىشىگە تۈرتكە بولۇشى كېرەك. مەن رەئىس شى جىنپىڭ بىلەن قويۇق ئالاقىنى ساقلاپ، يۇقۇمدىن كېيىن جۇڭگودا بالدۇرراق زىيارەتتە بولۇپ، ئەنگلىيە ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئورتاق تۈرتكە بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن.

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى كەچتە مىسىر زۇڭتۇڭى سىسى بىلەن تېلېفونلاشتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ مەزگىلدە، يۇقۇم پۈتۈن يەر شارىدىكى كۆپ دۆلەت، كۆپ نۇقتىدا پارتلىدى. ئەمەلىيەت يەنە بىر قېتىم شۇنى بىلدۈردىكى، ئىنسانلار مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولغان تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى. ھەرقايسى دۆلەتلەر چوقۇم ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ، ئورتاق تاقابىل تۇرۇشى كېرەك. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن بىرلىكتە، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى ئىدىيەسى ئاساسىدا، خەلقئارا يۇقۇم مۇداپىئە ھەمكارلىقىنى كۈچەيتىپ، ئورتاق تەھدىت ۋە خىرىسقا قول تۇتۇشۇپ تاقابىل تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغدايدۇ. يۇقۇم يۈز بەرگەندىن كېيىن، مىسىر تەرەپ جۇڭگونىڭ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشىنى قوللايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، جۇڭگو بىلەن مىسىرنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولىدىغان چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە ئىككى دۆلەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىستراتېگىيەلىك ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنىڭ يۇقىرى سەۋىيەسىنى نامايان قىلدى. مىسىرمۇ ھازىر يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش جىددىي ۋەزىيىتىگە دۇچ كەلمەكتە، جۇڭگو تەرەپ مىسىر تەرەپ بىلەن ۋاقتىدا يۇقۇم ئۇچۇرلىرى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش تەجرىبىلىرى، داۋالاش تەتقىقاتى نەتىجىلىرىدىن تەڭ بەھرىلىنىپ، داۋالاش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەپ، مىسىر تەرەپنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى قوللاپ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇشنى خالايدۇ. بۇ قېتىمقى قول تۇتۇشۇپ يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ جۇڭگو ـ مىسىر ئىككى دۆلەتنىڭ ئەنئەنىۋى دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇرىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. جۇڭگو تەرەپ جۇڭگو ـ مىسىر مۇناسىۋىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدۇ، مىسىر تەرەپ بىلەن قول تۇتۇشۇپ تىرىشىپ، ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، جۇڭگو ـ مىسىر مۇناسىۋىتىنى جۇڭگو ـ ئەرەب ئەللىرى ۋە جۇڭگو ـ ئافرىقا تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشتىكى ئالدىن يولغا قويۇلىدىغان، ئالدىن سىناق قىلىنىدىغان ئۆرنەك قىلىشنى خالايدۇ.

سىسى مۇنۇلارنى بىلدۈردى: جۇڭگو يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشتا پائال ئىلگىرىلەشكە ئېرىشتى، بۇ، رەئىس ئەپەندىنىڭ دانا رەھبەرلىكىنىڭ قۇدرەتلىك، كۈچلۈكلۈكىنى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىتتىپاق، ئۇلۇغلۇقىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلىدى. مىسىر تەرەپ جۇڭگونىڭ يۇقۇم ئۈستىدىن مۇۋەپپەقىيەتلىك غەلىبە قىلىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا مۇقەررەر تېخىمۇ قۇدرەت تاپىدىغانلىقىغا ئىزچىل قەتئىي ئىشىنىدۇ. مىسىر تەرەپ جۇڭگو تەرەپ تەمىنلىگەن مەدەت ۋە ياردەمگە رەھمەت ئېيتىدۇ، يۇقۇمغا ئورتاق تاقابىل تۇرۇش ئارقىلىق مىسىر ـ جۇڭگو ئىككى دۆلەت دوستلۇق مۇناسىۋىتىنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇرلىشىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. مىسىر بىلەن جۇڭگو ئالاھىدە دوستانە ھەمراھلاردىن. مەن مىسىر ـ جۇڭگو مۇناسىۋىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىمەن، جۇڭگو تەرەپ بىلەن ئورتاق تىرىشىپ، ئىككى دۆلەتنىڭ ھەرقايسى ساھەلەردىكى ئەمەلىي ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ھەمكارلىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، خەلقئارا ئىشلاردىكى ئالاقىلىشىش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىشنى خالايمەن.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاشخانىنىڭ قەرەللىك دېزىنفېكسىيەلەنگەنلىكى، ھاۋالاندۇرۇلغانلىقىنى بىلىپ، چېن چۈەنگو مۇئەييەنلەشتۈردى. ئۇ مۇنداق دېدى: تېخىمۇ قاتتىق، تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ پۇختا ھالدا تۈرلۈك مۇداپىئە تەدبىرنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپكە بېرىش، مەكتەپتىن قايتىش، مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىش، دەرس ئارىلىقىدىكى سۇ ئىچىش، ياتاق باشقۇرۇش قاتارلىق ھەربىر ھالقا، ھەربىر ئىنچىكە خىزمەتنى كۆڭۈل قويۇپ ياخشى ئىشلەپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ خاتىرجەم ئۆگىنىشى ئۈچۈن ساغلام، بىخەتەر مۇھىت يارىتىپ بېرىش كېرەك.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك 42 ـ ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ مۇھىتى پاكىز ۋە رەتلىك بولۇپ، كىتاب ئوقۇغان ئاۋاز ياڭراپ تۇراتتى، ئوقۇغۇچىلار ئوقۇش باشلانغاندىن كېيىنكى تۇنجى دەرستە يېڭى تىپتىكى تاجىسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋاتاتتى. چېن چۈەنگو باشلانغۇچ مەكتەپ 1 ـ يىللىق 3 ـ سىنىپقا كىرىپ، بالىلارنىڭ ئۆگىنىش، تۇرمۇش ئەھۋالىنى سەممىي سورىدى ھەم كۆپچىلىككە ماسكا تاقاشنى، قولنى يۇيۇپ تۇرۇشنى، توپلىشىۋالماسلىقنى تاپىلىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلارغا، باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يېشى كىچىك، ئۆزىنى مۇداپىئە قىلىش ئىقتىدارى بىر قەدەر ئاجىز، ئوقۇتۇش ۋاقتىنى ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ، ئۆزى مۇداپىئەلىنىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، بالىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى ھەقىقىي ياخشى قوغداپ، ئاتا ـ ئانىلارنى خاتىرجەم قىلىش، جەمئىيەتنى خاتىرجەم قىلىش كېرەك، دەپ تاپىلىدى.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش، تىزگىنلىشى ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشى ھەربىر بالىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش بولۇپ، ھەربىر ئاتا ـ ئانىنى ئەنسىرىتىدۇ. ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىكى ۋە ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقىنى قوغداش سىياسىي مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي زىممىسىگە ئېلىپ، تېخىمۇ ئېھتىياتچان پوزىتسىيە، تېخىمۇ پۇختا تەدبىر، تېخىمۇ قاتتىق باشقۇرۇش ئارقىلىق، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە مائارىپ ئوقۇتۇشىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك، نۇقسانسىز بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرى ئىنچىكە بولۇش كېرەك. بىر مەكتەپكە بىر تەدبىر قوللىنىشتا چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ، سىنىپنى بىرلىك قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ سالامەتلىك ئەھۋالىنى دەل جايىدا ئىگىلەپ، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى كۆزىتىپ ئۆلچەش، ماسكا تاقاش، ھاۋالاندۇرۇش ـ دېزىنفېكسىيەلەش، نۇقتىلىق ئورۇنلارنى قاتتىق دېزىنفېكسىيەلەپ مىكروب ئۆلتۈرۈش قاتارلىق تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەكتەپ مۇھىتىنىڭ پاكىزلىقىنى، تازىلىقىنى ساقلاش كېرەك؛ ماسكا، تېمپېراتۇرا ئۆلچىگۈچ، دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشكە پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇداپىئە ئېھتىياجىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەكتەپ باشقۇرۇش قاتتىق بولۇش كېرەك. مەكتەپكە كىرىش ـ چىقىشنى باشقۇرۇشنى قاتتىق كۈچەيتىپ، ئائىلە بىلەن مەكتەپ بىرلىشىپ ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇداپىئە خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەش؛ ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنى مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ غىزالىنىشقا ئىلمىي ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياتاقنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، دەرسخانا سىرتىدىكى پائالىيەتلەرنى مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، توپلىشىپ يىغىلىشتىن ساقلىنىش؛ نۆۋەتچىلىك، دىجورنىلىكنى دائىملاشتۇرۇپ، مەكتەپ ئەتراپى مۇھىتىنى تۈزەشنى كۈچەيتىپ، بىخەتەر، ياخشى مۇھىت يارىتىش كېرەك. مائارىپ ئوقۇتۇشى ئىلمىي بولۇش كېرەك. يىللىق، سىنىپ، ئوقۇغۇچىلارغا قاراپ ئوقۇتۇش پىلانىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئوقۇتۇش تەتقىقاتى خىزمىتىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، ئوقۇتۇشنى كۆڭۈل قويۇپ قانات يايدۇرۇپ، رىتىمنى ئىگىلەپ، شەكلىنى بېيىتىپ، ئۈنۈمنى ئاشۇرۇپ، ئوقۇتۇش سۈپىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش كېرەك. باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى تەۋەلىك رايون مەسئۇلىيىتىنى قەتئىي تەۋرەنمەي زىممىسىگە ئېلىپ، بىرىنچى قول رەھبەر ئۆزى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈپ، نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلىشى كېرەك؛ مائارىپ مەمۇرىي تارماقلىرى ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلىشىنى ھازىرقى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش سۈپىتىدە تۇتۇپ، يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، بىر تۇتاش پىلانلاپ باشقۇرۇشى كېرەك؛ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلەر ئىنچىكىلەشتۈرۈپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە تۈرلۈك تەدبىرلەرنى مەكتەپكىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، ئادەمگىچە دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك؛ ئالاقىدار تارماقلار زىچ ھەمكارلىشىپ، ماسلىشىپ بىرلىكتە ھەرىكەتكە كېلىپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ۋە مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى شۈ خەيرۇڭ قاتارلىقلار بىللە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى.

---

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلدى، تەكشۈردى

## مەسئۇلىيەتنى كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنىڭ بىخەتەر، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز **دەي گۇاڭخۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 3 ـ ئاينىڭ 23 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتى كادىرلار ئىستىلى نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ئۈرۈمچى شەھەرلىك 8 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، تەجرىبە باشلانغۇچ مەكتەپكە بېرىپ، ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتى ئەھۋالىغا قارىتا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلدى، تەكشۈردى، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئوقۇتۇش تەرتىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ئىگىلىدى، ئوقۇتقۇچى، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ئورنىغا قايتىش، ئوقۇغۇچىلارنىڭ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئەھۋالى ھەمدە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ماددىي ئەشيالىرىنى تەييارلاش، ئارقا سەپ تەمىنات كاپالىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى نەق مەيداندا تەكشۈردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ياڭ شىن ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىگە قارىتا نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك قىلدى، تەكشۈردى.

نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەر باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى، مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى بويىچە، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنى كەسكىن سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئامانلىقى، ساغلاملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشنى بىرىنچى دەرىجىلىك چوڭ ئىش بىلىپ، مەكتەپلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، مائارىپ ئوقۇتۇشىنى تەشكىللەش، مەكتەپ باشقۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەرنى تېخىمۇ ئىنچىكە، تېخىمۇ قاتتىق ياخشى ئىشلەپ، مەكتەپلەرنىڭ بىخەتەرلىكى، مۇقىملىقى، ئوقۇتقۇچى ـ ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەن ساغلاملىقى، مائارىپ ئوقۇتۇشىنىڭ نورمال، تەرتىپلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى مۇنداق تەكىتلىدى: ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رېۋىزىيە ئورگانلىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش بىرىنچى سەپكە چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە كومىتېتلىرى، ھۆكۈمەتلەرنىڭ تەۋەلىك رايون باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى، ھەر دەرىجىلىك مائارىپ تارماقلىرىنىڭ ئاساسلىق باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتى ۋە مەكتەپلەرنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى كۈچەيتىپ، چىڭىتىپ، نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى ھەقىقىي يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپلەر ۋە ئوتتۇرا دەرىجىلىك كەسپىي مەكتەپلەرنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئوقۇش باشلاش، دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئىلمىي، مۇۋاپىق، بىخەتەر، تەرتىپلىك ياخشى ئىشلىشىنى كۈچلۈك ئىنتىزام كاپالىتى بىلەن تەمىنلىشى كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

كەسىپلەر ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ نامراتلارنى يۆلەش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەش جەھەتتە، كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنىڭ تۈرتكىلىك رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. ئاپتونوم رايونىمىز كەسىپلەر ئارقىلىق نامراتلارغا پايدا يەتكۈزۈش، نامراتلارنى يېتەكلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى پائال تەشكىللەپ، ئىستېمال ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەشنى زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىپ، چارۋا ـ قۇش باقمىچىلىقىدىكى يۇقۇملۇق كېسەللەر خەۋپ ـ خەتىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەپ، ئەمگەك كۈچى بار ھەربىر نامرات ئائىلىدە مۇقىم كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تىرەك بولىدىغان بىر كەسىپ بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش تۈپ سانىنى ئېنىقلاپ، نامرات ئاممىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەشنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى كۆپ خىل يوللار ئارقىلىق يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تەشكىللەپ، يېتەكلەپ، ساياھەت ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش، ئېلېكتىرونلۇق سودا ئارقىلىق نامراتلارنى يۆلەش قاتارلىق يېڭى كەسىپ ھالىتىنى پائال تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، نامرات ئائىلىلەردىكى ئەمگەك كۈچلىرىنىڭ تولۇق ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ھەممە ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشى بولۇشى، ھەر كۈنى كىرىمى بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ. نامراتلارنى باشقا جايغا كۆچۈرۈپ يۆلەش ۋەزىپىسى بار ناھىيەلەر داۋاملاشما ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ياخشى تۇتۇپ، كەسىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئاساسىي ئاممىۋى مۇلازىمەت، مەھەللىلەرنى تۈزەش، جەمئىيەتكە سىڭىشىش قاتارلىق مەسىلىلەرنى ياخشى ھەل قىلىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مۇقىم تۇرالايدىغان بولۇش، كىرىمى بار بولۇش، نامراتلىقتىن قۇتۇلالايدىغان بولۇش، تەدرىجىي بېيىيالايدىغان بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

نامراتلىقتىن قۇتۇلغان ناھىيەلەرنى ئىمكانىيەتلىك سىجىل ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرلىرىنى نامرات ئاممىنىڭ قاتنىشىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش مۇكاپاتى تولۇقلىمىسى، ئەمگەك مۇلازىمەت ياردەم پۇلى قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللىنىپ، نامرات ئاممىنى ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈرلىرىنى يولغا قويۇشقا قاتنىشىشقا تەشكىللەيدۇ.